# سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن، قەلبى بىلەن نارازى بولۇش بولسا ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئىپادىسىدۇر

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە ئۇ كىشى مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن، قەلبى بىلەن نارازى بولۇش بولسا ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئىپادىسىدۇر»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنكەر ئىشنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆزگەرتىشكە بۇيرىدى. -مۇنكەر دىگەن: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن ھەر قانداق ئىش مۇنكەر دىيىلىدۇ. مۇنكەر ئىشنى كۆرگەندە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە كۈچى يەتسە قولى بىلەن (ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن) ئۆزگەرتىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر قولى بىلەن ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇنى تىلى بىلەن ئۆزگەرتىدۇ ۋە مۇنكەر ئىش قىلغۇچىنى قىلمىشىدىن چەكلەيدۇ، ئۇ ئىشنىڭ زىيانلىق، خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، بۇنىڭ ئورنىغا ياخشى بىر ئىشقا يېتەكلەيدۇ. تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇنى دىلى بىلەن يامان كۆرىدۇ، يەنى مۇنكەر ئىشنى يامان كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالىسا ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. مۇنكەر ئىشنى دىلى بىلەن يامان كۆرۈش بولسا ئىمان-ئېتىقادنىڭ ئەڭ ئاجىز تەرىپىدۇر.